قار لىيلىسى كارتون قەلئەسى

مەسەللەر قەلئەسى

# «دانىشمەن» چار مېكىيان

يۈ ۋېنشېڭ ئەسەرلىرى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：艾尼瓦·库迪力克
责任校对：古丽巴哈尔·托合塔木
装帧设计：热依汗古丽·依不拉音

寓 言 城 堡
**自作聪明的花母鸡**（维吾尔文）
于文胜 著

新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社 出 版
乌鲁木齐市西虹西路 36 号　邮政编码：830000
（出版物研发营销中心　电话：0991–7910393）
新疆新华书店发行　新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
787 mm × 1092 mm　32 开　2 印张
2008 年 12 月第 1 版　2009 年 1 月第 1 次印刷

ISBN 978–7–80744–550–0　定价：5.90 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رەيھانگۈل ئىبراھىم

مەسەللەر قەلئەسى

# «دانىشمەن» چار مېكىيان

## ئاپتورى: يۈ ۋېنشېڭ

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى №36 پوچتا نومۇرى: 830000
(تارقىتىش بۆلۈم تېلېفونى: 7910393 - 0991)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787mm × 1092mm 1/32 باسما تاۋىقى: 2
2008 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى 2009 - يىلى 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978-7-80744-550-0
باھاسى: 5.90 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

ئۆي ئۆردىكى بىلەن ياۋا ئۆردەك.................1
قاغىنىڭ مېھرى..................................7
«كاتتا ئەسەر» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن.........13
دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ..............................17
«دانىشمەن» چار مېكىيان ...................24
ھۆۋقۇش بىلەن بۇلبۇل.........................31
پاقا بىلەن قۇمچاق................................35
لەگلەك بىلەن بۆركۈت...........................40
ئاسمان پادىشاھىنىڭ خىزمەتچى تاللىشى.......44
قۇشقاچنىڭ بىرىنچىلىكى.......................55



# ئۆي ئۆردىكى بىلەن ياۋا ئۆردەك

ئۆي ئۆردىكى بىلەن ياۋا ئۆردەك دەريا بويىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۆي ئۆردىكى ياۋا ئۆردەكنىڭ بىمالال، ئەركىن ياشاۋاتقانلىقىدىن زوقلىنىپ: «ھەي ياۋا ئۆردەك! سەن نەگە بارغۇڭ كەلسە، شۇ يەرگە بېرىپ، نېمە قىلغۇڭ كەلسە، شۇنى قىلىپ ياشايدىكەنسەن، ساڭا بەكمۇ مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ!» دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

«ھەي ئۆي ئۆردىكى! سېنىڭمۇ ئوبدانلا قانىتىڭ بارغۇ، نېمىشقا خەققە تايىنىپ ياشايسەن؟» دەپتۇ ياۋا ئۆردەك.

ئۆي ئۆردىكى ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولۇپ: راست، مەن نېمىشقا ياۋا ئۆردەكتەك ياشىيالمىغۇدەكمەن؟ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئۆردىكى خوجايىنىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، ياۋا ئۆردەك بىلەن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.





لېكىن، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۆي ئۆردىكى قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغا مۇنداق دەپ بېرىپتۇ: «بۇنىڭدىن كېيىن ياۋا ئۆردەككە ھەۋەس قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەركىن بولغىنى بىلەن، كۈن بويى قورساقنىڭ غېمى ۋە بىرەر بەختسىزلىك يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەپلا يۈرۈيدىكەن، بۇنىڭغا چىدىغىلى بولمايدىكەن. ئۆي ئۆردىكى بولغىنىمىزمۇ ياخشىكەن، يېمەك ـ ئىچمەكتىن غېمىمىز يوق، تەييار ئۆيىمىزمۇ بار، بەك بەختلىككەنمىز.»

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆي ئۆردىكى ئۇچۇپ كېتىش دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرمەي ياشاپتۇ، ھەتتا قانات قېقىشقىمۇ ئېرىنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۈنلەردىن بىر كۈنى خوجايىن بۇ ئۆردەكنىڭ تۇخۇمىنىڭ ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يېمەكچى بوپتۇ.

ئۆي ئۆردىكى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي، ئۇچۇپ قاچماقچى بوپتۇ، بىراق قاناتلىرى قېتىپ قالغانلىقتىن، ئۇچالماپتۇ.

www.uyghurkitap.com



بۇ ئۆردەك ئاخىر خوجايىنىنىڭ قازىنىدا بىر ۋاخلىق مەززىلىك تائامغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.



# قاغىنىڭ مېھرى

بىر جۈپ قاغا پەرزەنت يۈزى كۆرۈپتۇ. ئۇلار بالىسىغا بەكمۇ ئامراق بولۇپ، ھەر كۈنى ھەرخىل ئېسىل يېمەكلىكلەرنى تېپىپ بېرىپ، بالىسىنى كۆيۈنۈپ بېقىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

قاغا بالىسىمۇ بارغانسېرى چوڭ بولۇپ، كۈنسېرى يېتىلىشكە باشلاپتۇ.

قۇشقاچ كېلىپ ئاتا ـ ئانا قاغىلارغا: «بالاڭلارغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىدىغان چاغ بولۇپ قالدى» دەپتۇ.

ئاتا ـ ئانا قاغىلار: «ئالدىراپ نېمە كەپتۇ، ئۇ تېخى كىچىك، كېيىنرەك ئۆگەتسەكمۇ بولىدۇ» دېيىشىپتۇ.

قاغا چۈجىسى بېجىرىم چوڭ بولۇپ، يېتىلگەن قاغىغا ئايلىنىپتۇ.





سىغىزغان كېلىپ ئاتا ـ ئانا قاغىلارغا: «بالاڭلارنىڭ مۇستەقىل ياشايدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، بۇنداق بىقىنۋەرسەڭلار بولمايدۇ» دەپتۇ.

ئاتا ـ ئانا قاغىلار: «نېمىگە ئالدىرايتتۇق، تېخىمۇ چوڭ بولسۇن» دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com



بىر كۈنى كۈتۈلمىگەن بىر بەختسىزلىك يۈز بېرىپتۇ. ئاتا ـ ئانا قاغىلار بالىسىغا يەم ئىزدەپ چىققاندا، بىر توپ كەپسىز بالىلار ئاتا ـ ئانا قاغىلارنى رەگەتكە بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

بۇ چاغدا قۇشقاچ قاغا بالىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئاتا - ئانىڭنى باشقىلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولدى، ئەمدى ئۇلار سېنى باقالمايدۇ، ئۆزۈڭ يەم تېپىپ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ باقمىساڭ بولمايدۇ» دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com



بىچارە قاغا بالىسى قاناتلىرىنى كېرىپ، ئۇچماقچى بولۇپ ئۇقچۇغانىكەن، سېسىق سۇ كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.



## «كاتتا ئەسەر» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن

قاغىنىڭ شېئىرى بىلەن سېغىزغاننىڭ نەسرى «ئورمان گېزىتى» نىڭ «قارىغاي» ئەدەبىيات بېتىدە بىللە ئېلان قىلىنىپتۇ.



شۇ كۈنى قاغا سېغىزغان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «مۇبارەك بولغاي، ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم، تولىمۇ ئوبدان يېزىپىلا! قەلەملىرى نېمىدېگەن ئۆتكۈر، شۇنداق پاساھەتلىك، شۇنداق راۋان، تەڭداشسىز ئەسەر بوپتۇ. ئائىلىمىزدىكى ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنى تالىشىپ تۇرۇپ ئوقۇدۇق، ئوغلۇم تېخى ئۇنى يادلىۋالدى دېسىلە، سىلىنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدا ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەسەر بوپتۇ. ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئىنسانلار تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدىغان بولسا، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى تۇرغان گەپ.»



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

سېغىزغانمۇ قاناتلىرىنى لەپەڭلىتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «ئانچە ئەمەس، بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە، ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى مەنمۇ سۆيۈنۈپ ئوقۇدۇم، شېئىر بەك ياخشى چىقىپتۇ. گەرچە بۇ شېئىر ئۈچ مىسرالا بولسىمۇ، مەنىسى تولىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىكەن. ئۆزلىرى ھەقىقەتەن سۆز ئۇستىسى ئىكەنلا! مەن بۇ ئەسەرنى ئون قېتىم ئوقۇدۇم، ھەر ئوقۇغىنىمدا، شىرەگە ئۇرۇۋەرگەنلىكىمدىن، شىرەمۇ يېرىلىپ كەتتى دېسىلە، سىلىنى ماختىغىنىم ئەمەس، سىلىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئالدىدا لى بەي، دۇفۇلارنىڭ شېئىرلىرى چىنىپ قالغۇدەك جۇمۇ!»



ئەسىرىمنىڭ بۇنچىلا سالمىقى بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن! دېگەن بۇ گەپنى قاغا ئاغزىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە ھۇزۇر بىلەن شۇنداق ئويلاپتۇ. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بىردەمدىلا نەچچە ئون پارچە شېئىر يېزىۋېتىپتۇ.

بەك ياخشى بولدى، مېنىڭ ئەسىرىم شۇنچىلا جەلپكار ئىكەن ـ دە! دەپ ئويلاپتۇ سېغىزغانمۇ ھاياجانلىنىپ. ئۇمۇ ئۆيگە بېرىپ، نەچچە ئون پارچە نەسر يېزىۋېتىپتۇ.

ئەپسۇسكى، «ئورمان گېزىتى» سەھىپىلىرىدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى پەقەت كۆرۈنمەي قاپتۇ.





# دەريانىڭ ئۇ قېتىدا

كىچىك بىر دەريا بار ئىكەن. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئوت-چۆپلەر شۇنداق قويۇق ۋە بولۇق ئىكەنكى، گوياكى بۇ زېمىنغا چوڭ بىر رەڭدار گىلەم سېلىپ قويغاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇ يەردە بىر ئۆچكە ھۇزۇرلىنىپ ئوتلايدىكەن.

www.uyghurkitap.com



دەريانىڭ بۇ تەرىپى تاقىر تۇزلەڭلىك بولۇپ، ئۇ يەر ـ
بۇ يەردە شالاڭ ئوت ـ چۆپلەرلا ئۆسكەن ئىكەن. بۇ يەردە
بىر قوي تىمىسقىلاپ ئوتلايدىكەن.



قوي دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ياپيېشىل ئوت-چۆپلەرگە نەزەر سالغان هالدا ئۆچكىگە زوق بىلەن قاراپ:

— سەن بەكمۇ ئامەتلىك ئىكەنسەن، شۇنداق يۇمران ئوت-چۆپلەرنى يەپ هۇزۇرلىنىدىكەنسەن —، دەپتۇ.

— سەنمۇ سۇ كېچىپ بۇياققا ئۆت، — دەپتۇ ئۆچكە، — قاقاسلىقتا قىينىلىپ نېمە قىلىسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



قوي شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ، ئەنسىرەپ قاپتۇ:
ــ سۇغا چۆكۈپ كەتمەي ئۆتۈپ كېتەلەرمەنمۇ؟



ئۆچكە كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇ دەريا بەك تېيىز، سۇ قورسىقىمغىمۇ چىقمايدۇ، چاتاق يوق، مەنمۇ ئاشۇ تەرەپتىن بۇ ياققا ئۆتكەن، — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

قوي بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۇمانلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىر سىناپ باقماقچى بوپتۇ. قوي سۇغا كىرىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، قورققىنىدىن ئارقىغا چېكىنىپتۇ ـ دە، ئۆچكىگە قاراپ، غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كېتىپتۇ: «سەن تېخى سۇنى تېيىز دەيسەن، سۇغا كىرە ـ كىرمەيلا، سۇ تىزىمدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىچكىرىسى قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. سەن بەكمۇ زەھەرخەندە نەرسىكەنسەن، مېنى ئالداپ، سۇغا چۆكتۈرۈۋەتمەكچىمۇ؟»

ئۆچكە دەريانىڭ ئۇ قېتىدا تۇرۇپ بېشىنى ئاستا چايقاپ قويۇپ، يالماپ ـ يالماپ ئوت ـ چۆپ يەۋېرىپتۇ.



بىچارە قوي دەريانىڭ بۇ قېتىدا ئۇ يەر - بۇ يەرلەردىكى شالاڭ ئوت - چۆپلەرنى تېپىپ يەپ، ئانچە - مۇنچە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويىدىكەن.





# «دانشمەن» چار مېكىيان

چار مېكىيان ئانا بولۇش ئالدىدا ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئانا بولۇشى بولغاچقا، كۆڭلى خۇشاللىققا ۋە ھاياجانغا تولۇپتۇ.

ئۇ تۇخۇملارنى ئاۋايلاپ بېسىپ يېتىپ، چۈجىلەرنىڭ تېزرەك چىقىشىغا تەقەززا بولۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى ئەتىگەندە، چار مېكىيان ئاستىدىكى تۇخۇملاردىن بىرىنىڭ قىمىرلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ - دە، چۇجىلەر چىقىۋاتامدۇ - نېمە؟ دەپ ئويلاپتۇ ۋە قانىتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تۇخۇملارغا قاراپتۇ. دېگەندەك، بىر چىرايلىق چۇجە تۇخۇمنى چوقۇپ - چوقۇپ چىقىپتۇ.



چار مېكىياننىڭ شادلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتۇ. تۇساتتىن ئۇ ئەنسىرەپ قاپتۇ ۋە: باشقا چۈجىلەرمۇ تۇخۇمنى تېشىپ چىقالارمۇ؟ ئەگەر ئاجىز كېلىپ قېلىپ، تۇخۇمنى تېشىپ چىقالمىسا، ئىچىدە ئۆلۈپ قالارمۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.



www.uyghurkitap.com



چار مېكىيان ئۈيلىغانسېرى ئەنسىرەپتۇ، ئۈيلىغانسېرى قورقۇپتۇ. ئالدىراشلىق ئىچىدە، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ ـ دە: تۇخۇمنى چوقۇپ تېشىپ، چۈجىلەرنىڭ ئاسان چىقىشىغا يول ئېچىپ بەرسەم بولمىدىمۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن چار مېكىيان ئاستىدىكى تۇخۇملارنى بىر ـ بىرلەپ تېشىپ، ھەممىسىدىن تۆشۈك ئېچىپتۇ. ئۇ تۆشۈكلەردىن قارىسا، بەزى چۈجىلەر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلاۋاتقۇدەك، بەزىلىرى بولسا تېخى تۈكسىز، ئەتلىمە گۆش تۇرغۇدەك.

چار مېكيان: ئەمدى ئوبدان بولدى، چىقالماسمىكىن دەپ ئەنسىرىشىمنىڭ هاجىتى قالمىدى، بىرنەچچە كۈندىلا ئۇلار مەن تېشىپ قويغان تۆشۈكلەردىن بىر - بىرلەپ چىقىشىدۇ - دە، ئەتراپىمدا چۇكۇلداپ ئويناشقا باشلايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۆزىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئىپتىخارلىنىپتۇ.



بىراق، كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋېرىپتۇ، بىرەر چۈجىمۇ چىقماپتۇ، زەن قويۇپ قارىسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەنىكەن.



www.uyghurkitap.com

چار مېكىيان يۈزىنى تاتىلاپ، يىغا ـ زار قىپتۇ.
ھەي ئىسىت، ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلىغان چار مېكىيان
ئەمدىلىكتە ئەڭ ھاماقەت چار مېكىيان بولۇپ قاپتۇ.





# ھۇۋقۇش بىلەن بۇلبۇل

زىرائەت قوغداش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھۇۋقۇش بىر كۈنلەردە بۇلبۇلنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ - دە، ئۇنى تولىمۇ زېرەك، ئاز تېپىلىدىغان تالانت ئىگىسى دەپ قاراپ، ئۆزىگە مۇئاۋىن ياردەمچى قىلىۋاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



بۇلبۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىچەللىكىنى ئاشكارىلاپتۇ.

بۇلبۇل زادىلا چاشقان تۇتالمىغانلىقتىن، ھۇۋقۇش تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىيالماي يۈرۈپتۇ. ھۇۋقۇش كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان، بۇلبۇل بولسا كېچىسى كۆرەلمەيدىغان بولغاچقا، ھۇۋقۇشنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم قىلالماپتۇ. ھۇۋقۇش ئۇنىڭغا ھەرقانچە ئۆگەتسىمۇ، بۇلبۇل يەنىلا ئىشلىيەلمەپتۇ.




ھۆۋقۇشنىڭ بېشى قېتىپ، بۇلبۇلغا بولغان ئىشەنچىسى بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىپتۇ، ھەتتا بۇلبۇلنىڭ تەقى- تۇرقىلا چېچەندەك كۆرۈنىدىكەن، دېگەن قاراشقا كېلىپ قاپتۇ. ئاخىرىدا ھۆۋقۇش بۇلبۇلنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى




كېيىنچە، بۇلبۇل ئورمان ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنىپتۇ ھەممە ھەش-پەش دېگۈچە، ناخشا چولپىنى بولۇپ، ھەممىگە تونۇلۇپ كېتىپتۇ.

# پاقا بىلەن قۇمچاق

بىر پاقا يېشىل جامكا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، مەغرۇرانە كۆركىراپتۇ. چۈنكى، ئۇ بايىلا بىر زىيانداش ھاشاراتنى تۇتۇپ يەۋەتكەنىكەن.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جامكا ئاستىدىكى بىر توپ قوْمچاق ئۇياق - بۇياققا ئۈزۈپ راسا ئويناۋاتقانىكەن.

پاقا ئاستى تەرەپكە قاراپ قويۇپ، گويا بىر چوڭ ئىش قىلىۋەتكەن ئەلپازدا ۋارقىراپتۇ: «ھەي كىچىك ھاماقەتلەر، نېمە غەلۋە قىلىشىسەن، دۆت كاللاڭلار بىلەن ئىنچىكە قۇيرۇقۇڭلارلا بار سىلەرنىڭ، سىلەر نېمىگە يارايتتىڭلار، زىرائەتنى قوغدىيالامسىلەر؟ زىيانداش ھاشارات تۇتالامسىلەر!؟»



www.uyghurkitap.com

«سىلەر دېگەن يارامسىز نەرسىلەر! تەڭرى سىلەرنى نېمىشقا يارىتىپ قويغان بولغىيدى. مېنىڭچە بولغاندا، سىلەرنى بۇ كۆلدىن تازىلىۋەتسىلا، غەلۋەڭلەردىن قۇتۇلغىلى بولاتتى.»



پاقا پوچىلىق قىلىۋاتقاندا، بىر قۇش ئاڭلاپ قېلىپ، بۇ يەرگە ئۇچۇپ كەپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ: «ھەي پاقا، گەرچە سەن خىزمەت كۆرسەتكەن بولساڭمۇ، ئەسلىڭنى ئۇنتۇپ قالما، سەنمۇ ئەسلىدە قۇمچاق ئىدىڭ، جۇمۇ!»



# لەگلەك بىلەن بۆركۈت

بىر لەگلەك ئاسماندا ئۇچۇپتۇ. گەرچە ئۇ شۇنداق ئېگىز ئۇچۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزمەيلىچە ئەركىن پەرۋاز قىلالمايدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى تارىخى
www.uyghurkitap.com

بىر بۈركۈت لەگلەكنىڭ يېنىدىن «غۇي» قىلىپ ئۆتۈپ، گاھ ئاسماننىڭ قەھرىدە، بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلسا، گاھ پەسلەپ ئۆزى خالىغانچە ئەركىن ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.



www.uyghurkitap.com

بۇنى كۆرگەن لەگلەك ھەۋەس قىلىپ: «ھەي بۈركۈت، سەن نېمىشقا شۇنچە ئەركىن، بەھۇزۇر پەرۋاز قىلالايسەن، مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايمەن؟» دەپ سوراپتۇ.



بۈركۈت كۈچلۈك ۋە ھەيۋەت قاناتلىرىنى قېقىپ تۇرۇپ: «چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۇچىمەن ـ دە!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئاسمان پادىشاھىنىڭ خىزمەتچى تاللىشى

ئاسمان پادىشاھى يەر يۈزىدىكى ھايۋانلار ئىچىدىن ئاسماندا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى تاللىماقچى بوپتۇ.

ئۇ يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنى بىر - بىرلەپ كۆزئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىپتۇ.






تۈلكە بەك ئەقىللىك بولسىمۇ، ئۇنى - بۇنى ئوغرىلاپ قويىدۇ.

www.uyghurkitap.com




يولۋاس ھەيۋەتلىك بولسمۇ، باشقىلارنى بوزەك قىلىشقا ئامراق.




پىل ناھايىتى كۈچلۈك ھەم ياۋاش بولسىمۇ، بۇرنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەمنىڭ كۆزىگە سىغمايدۇ.

www.uyghurkitap.com




ئۆكۈز ياۋاش، سەممىي ۋە كۈچلۈك بولسىمۇ،
بېشىنى ئېگىپ ئىشلەۋېرىدۇ، جانلىق ئەمەس.




قۇشقاچ بەك زېرەك بولسىمۇ، گەپ توشۇيدىغان قىلىقى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




توز چىرايلىق، جەلپكار بولسىمۇ، سۆلەتۋاز.




بۈركۈت ئاچچىقى يامان، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق.




ئت غوجامكۆردلك قلدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




مۇشۇك سەمىمىي ئەمەس، مەنپەئەتپەرەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



ئاسمان پادشاھى ھەممىسىنى دەڭسەپ كۆرۈپ،
نۇقسانسىز ھايۋاندىن بىرەرسىنىمۇ تاپالماپتۇ.

# قۇشقاچنىڭ بىرىنچىلىكى

ئۆتكەن قېتىملىق ئورمان كارا OK مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە قۇشقاچ بەشىنچى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى زادىلا ئارامىدا بولماپتۇ، بولۇپمۇ بۇلبۇلنىڭ بىرىنچى بولۇپ كەتكىنىگە پەقەت قايىل بولماي، كۆڭلى بىسەرەمجان بوپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئاخىرى قۇشقاچ ئۆزى بىر قېتىم كارا OK
مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، بىرىنچىلىكنى ئېلىشنى قارار
قىپتۇ.





قۇشقاچنىڭ ئورمان سودا شىركىتى ۋە ئورمان تاشقى سودا شىركىتىدىكى ئىككى تاغىسى ئۇ ئۆتكۈزىدىغان بۇ مۇسابىقىگە 20 مىڭ يۈەن ياردەم قىپتۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئۆتكەن قېتىمقىدىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ماھىرلارنىڭ تىزىملىكىنى قۇشقاچ ئۆزى بېكىتىپتۇ. ئۇ، ئۆتكەن قېتىملىق مۇسابىقىدە ئالدىنقى تۆت دەرىجىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقا، پوتكول ئورمانىدىكى ھەممە ناخشىچىنى تەكلىپ قىپتۇ.



كارا OK مۇسابىقىسى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. شۇ كۈنى بارلىق گېزىت، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى چاقىرىلىپتۇ. مۇكاپات سوممىسى ناھايىتى كۆپ (1 ـ دەرىجە 10 مىڭ يۈەن) بولغانلىقتىن، ناخشىچىلار ئىنتايىن جىددىي رىقابەتلىشىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈچ قېتىملىق مۇسابىقە ئارقىلىق، ئاخىر قۇشقاچ بۇ قېتىملىق مۇسابىقىنىڭ بىرىنچىلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ.





گېزىتلەرنىڭ بىرىنچى بەتلىرى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بۇ مۇسابىقىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىپتۇ، قۇشقاچ بىر مەھەل تازا داڭ چىقىرىپتۇ. قۇشقاچ مانا شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە «بىرىنچى» بولۇپتۇ.